قار لەيلىسى
كارتون قەلئەسى

مەسەللەر قەلئەسى

# قۇشقاچنىڭ ناخشىسى

يۇ جېن ئەسەرلىرى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

责任编辑：艾尼瓦·库迪力克
责任校对：古丽巴哈尔·托合塔木
装帧设计：热依汗古丽·依不拉音

寓 言 城 堡
**麻雀的歌声**（维吾尔文）
于震 著

---

新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社 出 版
乌鲁木齐市西虹西路 36 号　邮政编码：830000
（出版物研发营销中心　电话：0991-7910393）
新疆新华书店发行　新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
787 mm × 1092 mm　32 开　2 印张
2008 年 12 月第 1 版　2009 年 1 月第 1 次印刷

---

ISBN 978-7-80744-551-7　　定价：5.90 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رەيھانگۈل ئىبراھىم

مەسەللەر قەلئەسى

# قۇشقاچنىڭ ناخشىسى

## ئاپتورى: يۈ جېن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36№ پوچتا نومۇرى: 830000
(تارقىتىش بۆلۈم تېلېفونى: 7910393 ـ 0991)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787mm × 1092mm 1/32 باسما تاۋىقى: 2
2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 2009 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978−7−80744−551−7
باھاسى: 5.90 يۈەن

# مۇندەرىجە


قۇشقاچنىڭ ناخشىسى.................................... 1

قۇلۇلە بىلەن مەرۋايىت.................................. 8

قاغا بىلەن بۇلبۇل..................................... 13

كۆكتىكى تەڭداشسىز بۈركۈت...........................17

باتۇر ئىت................................................. 20

ئۆي بىلەن ئۆرۈك...................................... 24

پادىشاھنىڭ ئىتى.......................................34

شىمالدا قىشلىماقچى بولغان تۇرنا..................... 41

تارتۇقلانغان تۈلكە...................................... 51



# قۇشقاچنىڭ ناخشىسى

قۇشقاچ يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئورماندىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى تەكلىپ قىپتۇ.



قۇشقاچنىڭ ناخشىلىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئالقىش ياڭراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بەك خۇش بولۇپ كېتىپ، كېچىلىكنى يەنە بىر ئاخشام ئۇزارتىپتۇ.



كېچىلىك ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قۇشقاچ يەنە ئابرۇيلۇق مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، «قۇشقاچ ناخشىلىرى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈپتۇ.

— كۆپچىلىكنىڭ كەڭ - كۇشادە مۇھاكىمە قىلىپ، قىممەتلىك پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ قۇشقاچ كەمتەرلىك بىلەن.

— ئۇنداقتا، مەن قارىشىمنى قويۇپ باقاي، — دەپتۇ ئاق قۇ بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېلىپ، — قۇشقاچنىڭ ئاۋازى خېلى ياخشى، ئەگەر ئاۋازىنى تېخىمۇ چىرايلىق چىقارغان بولسا، تېخىمۇ يېقىملىق بولاتتى.





— شۇنداق، — دەپتۇ سېغىزغان پىكىر قىلىپ، — ئەگەر قۇشقاچ ئاۋازىنى تېخىمۇ سىلىق، يېقىملىق چىقارغان بولسا، بۇلبۇل بىلەنمۇ بەسلىشەلىگۇدەك بولار ئىكەن.

— مېنىڭچە بولغاندا، — دەپتۇ تۇز، — قۇشقاچنىڭ ئاۋازى جاراڭلىقراق چىققان بولسا، تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق بولغان بولاتتى. بولۇپمۇ.... — ئۇ گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، قۇشقاچ ئاچچىقلاپ سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— مېنىڭ ئاھاڭ ئېلىشىم چىرايلىق، سىلىق ۋە يېقىملىق ئەمەسمىكەن، ئاۋازىم جاراڭلىق ئەمەسمىكەن؟ بۇلبۇل دېگەن قانچىلىك نېمىتى، ئۇ مەندەك ئېيتالامتى؟ سىلەر باشقىلاردىن نۇقسان ئىزدەشكە ئامراق. نوچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلار ناخشا ئېيتىپ بېقىڭلار، مەندەك ئالقىش سادالىرىغا ئېرىشەلەمدىكەنسىلەر ـ قېنى؟ مەن سىلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا دېگەننى بىلىش ـ بىلمەسلىكىڭلاردىنمۇ گۇمانلىنىۋاتىمەن.

مۇھاكىمە يىغىنى ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاياغلىشىپتۇ.





قۇشقاچ يەنە ئۆزىنىڭ پەدىسى بويىچە ناخشا ئېيتىپ، مەشىق قىلىۋېرىپتۇ. لېكىن ئۇ يەنە بىر قېتىملىق يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزگەندە، ئالقىش ئېرىشىش تۇگۇل، تاماشىبىنلارمۇ كەلمەپتۇ.



# قۇلۇله بلەن مەرۋايت

قۇلۇله كۆلنىڭ ئىچىدە ياشايدىكەن، ئىگىسى ئۇنى
كۆڭۈل قويۇپ باقىدىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، قۇلۇلە ئۆزىچە ئاچچىقلاپ، نارازى بولۇپ قاپتۇ: «كىشىلەر نېمىشقا پەقەت مەرۋايىتنىلا ماختاپ، مېنى ماختىمايدۇ؟ مەرۋايىتنى مەن تۇغۇپ چوڭ قىلغان تۇرسام، مەن مەرۋايىتچىلىكمۇ بولالمامدىكەنمەن؟»



شۇنىڭ بىلەن قۇلۇلە بۇندىن كېيىن مەرۋايىت تۇغماي، كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىر تونۇتۇپ قويماقچى بوپتۇ.





قۇلۇلىنىڭ مەرۋايىت تۇغماي يېتىۋەرگەنلىكىنى كۆرگەن خوجايىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپتۇ - دە، قۇلۇلنى كۆتۈرگىنىچە كۆلنىڭ سىرتىدىكى دۆڭلۈككە تاشلىۋېتىپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلماقچى بولغان قۇلۇلە پىژغىرىم ئاپتاپتا ئۆلۈپ قاپتۇ.

# قاغا بىلەن بۇلبۇل

بىر قاغا بولغان ئىكەن. ئۇ بۇلبۇلغا پەقەت قايىل ئەمەسكەن. ئۇ: «بۇلبۇل دېگەن قانچىلىك نېمىتى، خەققە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، ئادەملەر ياقتۇرىدىغان زىل ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشنىلا بىلىدۇ. ئەگەر مەن شۇنداق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىدىغان بولسام، ئۇنىڭدىنمۇ يېقىملىق ئېيتىۋېتىمەن» دەپتۇ.





شۇنىڭ بىلەن بۇ قاغا ئادەم كۆپ يەرلەرگە بېرىپ،
ئاۋازىنى ياساپ، زىل ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.



لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ماختاش تۇگۇل، قاغىنىڭ ئاۋازى چىققان ھامان يىرگىنىپ، قۇلاقلىرىنى چىڭ ئېتىۋالىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ھەتتا بەزىلەر ئۇنى تىللاپ: «شۇملۇق تىلەيدىغان قاغا، ئەجەب بىزار قىلدىڭ!» دەپتۇ.

ئەسلىدە، قاغا ئاۋازىنى ياساپ، يېقىملىق ناخشا ئېيتىۋاتىمەن دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئېيتقىنى «قاق ـ قاق ـ قاق» دېگەن كونا پەدە ئىكەن، خالاس.





# كۆكتىكى تەڭداشسىز بۈركۈت

باتۇر بۈركۈت بۆلۈتلارنى يېرىپ، كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ پەستە لەيلەپ يۈرگەن بۆلۈتلارغا قاراپ بېقىپ، ئۆزىدىن چەكسىز پەخىرلىنىپتۇ.

بۈركۈت ئۆزىنى تۇتالماي، قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپ ۋارقىراپتۇ:

«جىمىكى جانىۋارلار ئىچىدە پەقەت بۈركۈتلا ئەڭ ئېگىز ئۇچالايدۇ! بارلىق بۈركۈتلەر ئىچىدە، مەنلا ئەڭ ئېگىز ئۇچالايمەن! مەن كۆكتىكى تەڭداشسىز بۈركۈتمەن!»





ئاق بۇلۇت بۈركۈتنىڭ ۋارقىراش-جارقىراشلىرىنى ئاڭلاپ، قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا: «ھەي بۈركۈت، سەن گەرچە ناھايىتى ئېگىز ئۇچساڭمۇ، يەنىلا كۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا تۇرۇۋاتىسەن، جۇمۇ!» دەپتۇ.



# باتۇر ئىت

ئوۋ ئىتى بىلەن يولۋاس بىر مەيدان ئېلىشقاندىن كېيىن، ئوۋ ئىتى يېڭىۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق ھايۋانلار ھۆرمەتلەيدىغان قەھرىمانغا ئايلىنىپتۇ، كۆپچىلىك ئۇنى ھۆرمەتلەپ «باتۇر ئىت» دەيدىغان بوپتۇ.





بىر كۈنى يارىلانغان بىر توشقان ئوۋ ئىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ياردەم سوراپتۇ:

— هەي باتۇر ئىت، سەن بىزگە بىر ياردەم قىلغىن، لەنتى بۆرە بىزنىڭ ئۆي - ماكانلىرىمىزنى ۋەيران قىلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنى تۇتۇپ يېمەكتە.



ئوۋ ئىتى ئاغزىدىكى سۆڭەكنى قويۇپ تۇرۇپ، مەنسىتمىگەن هالدا مۇنداق دەپتۇ: «بۆرە مېنىڭ چىشىمغا تەگمىگەن تۇرسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن يامانلىشىپ نېمە قىلىمەن؟ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش بولغاندىكىن، ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىۋېلىڭلار، مېنىڭ ئۇشۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشقۇم يوق.» ئوۋ ئىتى گېپىنى تۈگىتىپ، سۆڭەك غاجىلاشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

# ئۆي بىلەن ئۆرۈق

بىر دېھقان ئۆينىڭ ياردىمى بىلەن ئاشلىقتىن تازا مول ھوسۇل ئاپتۇ.





دېھقان ئاشلىق ساتقان پۇلغا بىرنەچچە ئېغىز يېڭى ئۆي ساپتۇ ۋە ئائىلە سايمانلىرىنى سېتىۋاپتۇ. دېھقان يەنە بۇ مول ھوسۇل ئۇچۇن كۆپ كۈچ چىقارغان ئۈيىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماي، ئۇنىڭ ئۇچۇن يېڭى بىر ئېغىل سېلىپ بېرىپتۇ ھەمدە يېتەرلىك يەم - خەشەك تەييارلاپ بېرىپتۇ.

قىش كىرگەندىن كېيىن، قۇرۇق ئۆت-چۆپلەرنى يەۋېرىپ زېرىككەن ئۇي ئىگىسىگە ئاچچىقلىنىپتۇ:

— ھەي ئىگەم، مېنىڭ سەن ئۇچۇن قىلغانلىرىم ھەممىگە ئايان، سېنىڭ بايلىقلىرىڭنىڭ يېرىمىنى مەن تېپىپ بەرگەن، ئەمدىلىكتە سەن ماڭا مۇشۇ قۇرۇق ئوت-چۆپلەرنىلا بېرەمسەن؟ ئۇنداق قىلساڭ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا مەن ساڭا قانداق ئىشلەپ بېرەلەيمەن؟





ئۆي ھەقىقەتەن كۆپ كۈچ چىقاردى، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئويلىغان دېھقان ئۇيدىن سوراپتۇ:

— سېنىڭ نېمە يېگۈڭ بار؟

— بۇغداي يېگۈم بار، — دەپتۇ ئۇي، — بۇغداينى ساڭا مەن تېرىشىپ بەرسەم، ماڭا بۇغداي بەرمەسەڭ قانداق بولغىنى؟



— ھەي ئۆي، ئۆزۈم يېگۈدەك ئوزۇق ۋە كېلەر يېلى تېرىغىلى ئۇرۇقلۇق قالدۇرغاندىن باشقا، ھەممە بۇغداينى سېتىۋەتكەن تۇرسام، — دەپتۇ دېھقان غەمگە چۆكۈپ.



— ئۇنداق بولسا، ئۇرۇقنى يەي. قىشچە تازا سەمرىتۋېلىپ، كېلەر يىلى ساڭا تېخىمۇ كۆپ يەر ھەيدەپ بېرەي.





ئۇينىڭ گېپىنى ئاڭلىغان دېھقان ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپ، ئورۇقلۇق بۇغداينى ئۇيغا تۆكۈپ بېرىپتۇ.



ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، ئۇ ھەققەتەنمۇ
دېھقانغا نۇرغۇن يەر ھەيدەپ بېرىپتۇ.

ئەپسۇسكى، ھەيدەپ تەييارلانغان ئېتىزلارغا قاراپ، دېھقان غەمگە پېتىپتۇ:

— ئۇرۇق بولمىسا، ئەمدى نېمىنى تېرىيمەن؟





# پادىشاھنىڭ ئىتى

بۇرۇنقى زاماندا پادىشاھنىڭ بىر سېرىق ئىتى بار ئىكەن. بۇ ئىت پادىشاھنىڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنى باشقا ئىتلارغا ئوخشىمايدىكەن.

سېرىق ئىت پادىشاھچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، پۇتكۇل دۆلەتتىكى ھەممە ئىتلار ئۇنى كۆرسە، ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىدىكەن. سېرىق ئىت بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ، ئۆزىنى جاھاندا ئەڭ نوچى ئىت دەپ قاراپ، باشقا ئىتلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.



ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، سېرىق ئىت ھەر قېتىم كوچىغا چىققاندا، بىردەم ئۇ ئىتنى ئەدەپلىسە، بىردەم بۇ ئىتنى چىشلەپ قويىدىكەن. يۇرتتىكى ئىتلار پادىشاھنىڭ كۈچىدىن ئەيمەنگەچكە، بۇ سېرىق ئىتنىڭ ھاقارەتلىرىگە چىداپ، قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈپتۇ.





كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، يۇرتتىكى ئىتلار سېرىق ئىتنىڭ ھاقارىتىگە زادى چىداپ بولالماي، ئاخىر ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە بەل باغلاپتۇ. يۇرتتىكى ئىتلار مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، سېرىق ئىتنى ئەدەپلەشنىڭ بىر ئامالىنى تېپىپتۇ.



ئۇلار سېرىق ئىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ غەزەپلەنگەن قىياپەتتە: «ھەي، قۇدرىتى تەڭداشسىز ھۆرمەتلىك سېرىق ئىت، دۇنيادىكى بارلىق ھايۋانلار سېنى ئۇلۇغلاپ، ساڭا باش ئۇرسا بولاتتى! لېكىن، يولۋاس دېگەن بىرنېمە بۇنداق قىلىشقا قوشۇلماي، سېنى ئەڭ ئىقتىدارسىز، ئەڭ ھاماقەت ئىت، دەۋاتىدۇ» دەپتۇ.

كۆپچىلىك تېخى گەپنىڭ ئايىغىنى چىقىرىپ بولغۇچە، سېرىق ئىت ئاچچىقلىنىپ قاۋاپ تۇرۇپ:

— قارا بۇ قاپ يۈرەك يولۋاسنى، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇ نېمىتى! تېخى بىر تاغلىق ياۋايىنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا بىھۆرمەتلىك قىلىپ كەتكىنىنى، ئەجەب ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. قېنى ئۇ! مەن ئۇنى قانداق ئەدەپلەيدىكەنمەن، بۇ ئەبلەخكە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام! — دەپتۇ.





سېرىق ئىت شۇ ئاچچىقىدا ئورمانغا كىرىپ، يولۋاسنى تېپىپتۇ ـ دە، تازا بىر ئەدەپلىمەكچى بولۇپ يولۋاسنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەپتۇ، يولۋاس دەرھال ئېتىلغانچە بېرىپ، سېرىق ئىتنى ئاستىغا بېسىۋاپتۇ ۋە چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

# شمالدا قشلماقچى بولغان تۇرنا

قىش كېلەي دەپ قاپتۇ. تۇرنىلار شىمالنىڭ سوغۇقىدىن قورقۇپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، يەنە جەنۇبقا قاراپ ئۇچماقچى بوپتۇ.



بىر تۈرنا ئەتىيازدا كېلىپ، قىشتا كېتىدىغان بۇ ئاۋارىچىلىقتىن بەكمۇ بىزار بولغاچقا: بىز نېمىشقا ھەر يىلى مۇشۇنداق ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئارتۇقچە جاپا چېكىمىز؟ باشقا ھايۋانلار بۇ يەردە قىشلىيالىغانىكەن، بىز نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايدىكەنمىز؟ دەپ ئويلاپتۇ.



ئۇ باشقا ھايۋانلاردىن بۇ يەردە قانداق قىشلىغانلىقىنى سوراپ بىلىۋالماقچى بوپتۇ ـ دە، بىر كۈنى قوي بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، قويدىن سوراپتۇ:

ــ قوي ئاكا، سىلەر بۇ يەردە قانداق قىشلايسىلەر؟

ــ قىش كەلگەن ھامان بىز قېلىن جۇۋا كىيىۋالىمىز، سوغۇق بىزنى ھەرگىز قورقۇتالمايدۇ، ــ دەپتۇ قوي.





تۇرنا ئېيىقتىن سوراپتۇ:

ــ ئېيىق ئاكا، سىلەر بۇ يەردە قىشنى قانداق ئۆتكۈزىسىلەر؟

ئېيىق مۇنداق دەپتۇ:

ــ قىش كەلگەن ھامان بىز چوڭ دەرەخلەرنىڭ كامىرىغا كىرىپ ئۇخلايمىز، قىشنى بىر ئۇخلاپلا چىقىرىۋېتىمىز.

تۇرنا: بۇ يەردە قىشلاشنىڭ چارىسى ئاسان ئىكەن، پاختىلىق چاپان كىيىپ، دەرەخ كامىرىغا كىرىپ، بىر ئۇخلىسىلا قىشتىن ئۆتىدىغان گەپ ئىكەنغۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

تۇرنا جەنۇبقا قاراپ ئۇچماقچى بولغان سەپداشلىرىغا مۇنداق دەپتۇ:

ـــ مەن ھېلىقىدەك كېلىپ ـ كېتىپ يۈرىدىغان ئەخمىقانە ئىشنى ئەمدى قىلمايمەن، مەن مۇشۇ يەردە قىشلايمەن، قانداق قىشلاشنىمۇ ئويلاپ قويدۇم.





شۇنداق قىلىپ بۇ تۇرنا شىمالدا قېپقاپتۇ. ئۇ بۇ يەردە قىشلاش ئۈچۈن قېلىن پاختىلىق چاپان تىككۈزۈپتۇ، دەرەخ كامىرىنىمۇ تېپىپ قويۇپتۇ.



قىش كەپتۇ. قېلىن قار يېغىپ، شىددەت بىلەن شىۋىرغان چىقىشقا باشلاپتۇ.



تۇرنا دەرەخ كامىرىدا پاختىلىق چاپان بىلەن ياتقان بولسىمۇ، يەنىلا توڭۇپ تىترەپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ: ئۇخلىۋالسامىلا بولىدىغۇ، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكتىن ئۇخلىيالماپتۇ.



تۆرنىنىڭ جەنۇبقا كەتكۈسى كەپتۇ. لېكىن ئۇ بەكلا كىچىككەنىكەن.



ئەتىياز كېلىش بىلەن تەڭ تۇرنىلار جەنۇبتىن شىمالغا قايتىپ كېلىشىپتۇ.

ئۇلار بىر دەرەخ كامىرىدا تۇرنىنىڭ پەي - قاناتلىرىنى كۆرۈپتۇ.



# تارتۇقلانغان تۈلكە

ئورمان پادىشاھى ــ يولۋاس كېسەل بولۇپ قېلىپ، كىمكى ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ساقايتالىسا، ئۇنى ئالاھىدە تارتۇقلايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپتۇ.

مايمۇن دوختۇر ئۇقتۇرۇشنى كۆرۈپ، يولۋاسنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا بېرىپتۇ. ئۇ يولۋاسنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىرنەچچە تال دورىنى بېرىپ: «پادىشاھئالەم، كېسەللىرى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىكەن، مۇشۇ دورىلارنى يېۋەتسىلە، ساقىيىپ كېتىلا» دەپتۇ.



يولۋاس بىر تال دورىنى ئاغزىغا سېلىپلا، دەرھال «ئۆھۆ - ئۆھۆ» دەپ ياندۇرۇۋېتىپتۇ - دە، مايمۇننى تىللاپ كېتىپتۇ: «ھەي ئۆلگۈر مايمۇن، غەرىزىڭ نېمىدى، ماڭا ئاچچىق نەرسىنى يېگۈزۈپ ئۆلتۈرمەكچىمىدىڭ؟»





يولۋاس تىللاپ بولۇپلا مايمۇنغا ئېتىلىپتۇ ـ دە،
بىر چىشلەپلا مايمۇننى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

خەۋەرنى ئاڭلىغان كالا دوختۇرمۇ يولۋاسنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا كەپتۇ. ئۇ ئەستايىدىل تەكشۈرگەندىن كېيىن، يولۋاسقا: «پادىشاھئالەم، كېسىلىڭىز داۋالىمىسا بولمايدىغان ھالغا يېتىپ قاپتۇ، مەن ئوكۇل سېلىپ قويسام، ئاستا - ئاستا ساقىيىپ كېتىسىز» دەپتۇ.



كالا دوختۇر ئوكۇل يىڭنىسىنى يولۋاسنىڭ ساغرىسىغا بىرلا سانجىغانىكەن، يولۋاس: «ۋايجان! بەك ئاغرىپ كەتتى، سەن ئۆلگۈر كالا، مېنى يىڭنە بىلەن ئۆلتۈرمەكچىمىدىڭ؟» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.





غەزەپلەنگەن يولۋاس ئارقىغا بۇرۇلۇپ، بىر چىشلەپلا كالىنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ.

تۈلكە كېلىپ، يولۋاسنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندىن كېيىن، شىكەردىن ياسىغان بىر خالتا «دورا» نى يولۋاسقا بېرىپتۇ ـ دە: «پادىشاھىئالەم، كېسەلىڭىزنى داۋالىمىساق، خەۋپ ـ خەتەر كېلىپ چىقىدىكەن، مەن بىر قاپ دورا ئەكەلدىم، ھەر كۈنى ئۈچ تالدىن يېسىڭىز، يەپ بولغاندىن كېيىنلا كېسىلىڭىز ساقىيىپ كېتىدۇ» دەپتۇ.





يولۋاس دورىنى ئاغزىغا سېلىپلا خۇش بولۇپ كېتىپتۇ: «ماۋۇ دورا بولىدىكەن، تاتلىق، يېيىشلىك ئىكەن. تۈلكىجان، سەن ئەڭ ئەقىللىق دوختۇر ئىكەنسەن، مەن سېنى ئالاھىدە تارتۇقلايمەن» دەپتۇ.

يولۋاس شۇ ھامانلا تۈلكىگە بىر خالتا تىللا بېرىپتۇ. تۈلكە تىللانى ئالغاندىن كېيىن، شۇ كېچىسىلا قېچىپ كېتىپتۇ.





ئۇزاق ئۆتمەيلا، يولۋاس كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.